# ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۇەنگو شىنجاڭ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى شۆيۈەنى، ئاقسۇ تېخنىك شۆيۈەنىگە كېلىپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىپ، مائارىپ ـ ئوقۇتۇشى، تۇرمۇش ـ ئۆگىنىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى قۇرۇش كېرەك. مەكتەپلەردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، مەكتەپلەرنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كاڭجۇ مەھەللىسىدە، چېن چۇەنگو مەھەللە قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇدا جەڭ قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئاممىغا چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. چېن چۇەنگو يەنە تۇرسۇن ئەركىن ۋە دىلشات رىشىتتىن ئىبارەت ئىككى ئائىلىنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە كىرىمى، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشى، كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى سەممىي سورىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

چېن چۇەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئورۇنلار ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى قاتتىق ياخشى قىلىشقا پائال يېتەكلەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، مەبلەغ سېلىش، ئىستېمال، ئېكسپورتنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەر بەس ـ بەستە كۈچ چىقىرىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى كۈچەپ زورايتىپ، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش داۋامىدا تېخىمۇ زور تەرەققىيات بوشلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز جايىدا يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پائال ئىزدىنىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، تەجرىبە شەكىللەندۈرۈپ، نامراتلارنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ تېپىنى تەكشى، مۇقىم ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن، ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەيدىغان تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىجىل كۈچەپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش تۆۋەن چېكىنى قاتتىق ساقلاپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۆكيار روھىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل، ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، دوۋ ۋەنگۈي قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

# 1 ـ پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سىجىل ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

توك بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولۇپ، سىرتقا يەتكۈزۈلىدىغان توك مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا 60%كە يېقىن تۆھپە قوشۇلغان. 1 ـ پەسىلدە، پۈتۈن جەمئىيەتتە توك بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي مىقدارى (پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى قوشۇلغان سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى) 94 مىليارد 939 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 10.6% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 3.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 19 مىليارد 784 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 37.6% ئېشىپ، توك بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 59.5%كە يەتكەن.

ئېنېرگىيە چوڭ رايونى سۈپىتىدە، يۇقۇم ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز نېفىت، نېفىت ـ خىمىيە، كۆمۈر، ئېلېكتر قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ ئىچى ۋە سىرتىنىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنى ماس قەدەمدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يېتەكلەپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانغا يېتىشكە، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا كۈچلۈك، تەرتىپلىك تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق ھالدا نېفىت، نېفىت ـ خىمىيە قاتارلىق تۆۋرۈك كەسىپلەرنىڭ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتتى. نېفىت، گاز مەھسۇلاتلىرى بازاردا باھانىڭ چۈشۈشى، تىجارەت بېسىمىنىڭ زورىيىشى قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا، جۇڭگو نېفىتى، جۇڭگو نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى بىلەن ماسلىشىپ شىنجاڭ تەييار نېفىتىنىڭ تۇرۇبا لىنىيەسىدە سىرتقا يەتكۈزۈلۈش مىقدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنىڭ تەييار نېفىتنى ئىشلىتىشنى ئاشۇردى، شىنجاڭدىكى نېفىت، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى ئىككىلەمچى كارخانىلىرىنىڭ تەرتىپلىك ھالدا ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلەتتى، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئايلىنىش يۈكىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى. يۇقۇم مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئالتە چوڭ نېفىتلىك ۋە تۆت چوڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى ساقلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز كۆمۈر، ئېلېكتر ساھەسىنىڭ تەكشى، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتتى. كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ مۇكەممەل، ئىنچىكە بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يۆتكەش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆمۈر كانلىرىدىكى پارتلىتىش ۋە ئاجرىتىش تېخنىك خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىنى، ئىش ئورنىغا قايتىشىنى تۈركۈملەرگە ئايرىپ تەرتىپلىك ھالدا تەشكىللىدى. كۆمۈرچىلىك يانداش مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى «توسۇق نۇقتا»لىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، كۆمۈر، ئېلېكتر كارخانىلىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مىڭخۇا شىركىتىگە ئوخشاش ئىلتىماس قىلىپ قەرز پۇل ئالغان پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلار يەنە ناھايىتى كۆپ. پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، 2018 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت مەركىزىنى ۋىۋىسكا ئېسىپ قۇردى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارغا مەخسۇس مۇلازىمەت قىلىدىغان مالىيە مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتى ۋە مەسلىھەتچىلىك ۋاستىچى ئاپپاراتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇلازىمەت كوللېكتىپى پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇش، پەن ـ تېخنىكا بىلەن پۇل مۇئامىلىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى ۋە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكىنى بازارغا سېلىش مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. نۆۋەتتە، بۇ مەركەز قۇرغان شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى تورغا چىقىرىلىپ يۈرۈشتۈرۈلدى. سۇپا توردا ۋە تور سىرتىدا مەشغۇلات قىلىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، توردا پۈتۈن شىنجاڭدىكى پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلار ئۇچۇر ئامبىرى، يېڭىلىق يارىتىش ئىگىلىك تىكلەش ئىختىساسلىقلىرى ئامبىرىنى قۇرۇپ ياكى بىرىكتۈرۈپ، كارخانىلارغا پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجىنى ئېلان قىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، مەبلەغ سېلىش ئاپپاراتلىرى، ۋاستىچى ئاپپاراتلار بىلەن پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇش، ئۇدۇللاشتۇرۇش مۇلازىمەت سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدىكى پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنى توردا، تور سىرتىدا بىر بېكەت شەكلىدىكى، ھەر تەرەپلىمە، خاسلاشقان، كەسىپلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت مەركىزى ئارقىلىق 30دىن ئارتۇق تۈرلۈك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى، يۈرۈشتۈرۈلگەن مەبلەغ سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى بايلىق تەقسىملەش ۋە باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ يۇ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە مۇلازىمەتنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەمەلىي بولغان مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئۇدۇللاشتۇرۇش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ ۋە ياخشىلاپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پۇل مۇئامىلە مەدەتى بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى تۈزۈشنى پايدىلانما بىلەن تەمىنلەيمىز.

# دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھەقىقىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

G30 لىەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، يول چىڭداش ماشىنىسى ئۇ باشتىن ـ بۇ باشقا يولنى چىڭداۋاتاتتى، قۇرۇلۇشچىلار جىددىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى. شۆھرەت زاكىر قۇرۇلۇش پىلانى لايىھەسى، قۇرۇلۇش ئەھۋالى، ساقلانغان مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى تەپسىلىي سورىدى. تۇرپان يارغول ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، شۆھرەت زاكىر ئايرودرومنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچ، تېخىمۇ مۇھىمى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تۇتقا. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، تۈر قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ «تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تىرەك بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش كېرەك. پەيتنى قولدىن بەرمەي، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر ئارقىلىق ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلەرنى بالدۇر قۇرۇپ چىقىش، بالدۇر تاماملاش، بالدۇر ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنى «كۈچلەندۈرۈش» كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەزگىلدە، شۆھرەت زاكىر توقسۇن ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيە ـ چارۋىچىلىق، ئېنېرگىيە ـ خىمىيە سانائىتى، باتارېيە، ساپال ـ فارفور قاتارلىق ساھەلىرىدىكى نۇقتىلىق كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت، تېخنىكا تەتقىق قىلىش ـ ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى؛ تۇرپان شەھىرىدىكى خوسەنخۇڭ ھاراق قورۇقى، يارغول ئۆتەڭى·كارىز مەنبەسى مەنزىرە رايونىغا بېرىپ، مەنزىرە رايونىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە ساياھەت بازىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاش، ئەلالاشتۇرۇش، كۈچەيتىش كېرەك. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپلەر ۋە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا، ئۈنۈمگە ئومۇميۈزلۈك يېتىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ساياھەت بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر يەنە ئايدىڭكۆلگە كېلىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ھەم سۇ مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش، سۇغا قويۇپ بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئايدىڭكۆل تۇرپان ئويمانلىقى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ «بارومېتىر»ى، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئايدىڭكۆلنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، قىزىل سىزىق، تۆۋەن چەكنى ساقلاپ، زۇمرەتتەك دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان، بېلىقلار سەكرىشىپ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئايدىڭكۆلنى تېخىمۇ كۆپ ئاممىغا بەخت يارىتىدىغان قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.